# مېھىر-مۇھەببەت ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر

[1] گەرچە مەن يەر-يۈزىدىكى ھەرقانداق تىلدا ، ھەتتا پەرىشتىلەرنىڭ تىللىرىدا سۆزلىيەلىسەممۇ ،
لېكىن باشقىلارغا مېھىر-مۇھەببىتىم بولمىسا ، سۆزلىرىم قۇلاققا خۇش ياقمايدىغان داقا-دۇمباق
ياكى يېقىمسىز قوڭغۇراق ئاۋازىدەك بولۇپ قالىدۇ. [2] گەرچە خۇدانىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈش
قابىلىيىتىم بولسىمۇ ، دۇنيانىڭ پۈتكۈل سىرلىرىنى بىلسەممۇ ، خۇدادىن كەلگەن ئالاھىدە
بىلىملەرگە ئىگە بولسامۇ ۋە تاغلارنى ئورنىدىن قوزغىتالايدىغان كامىل ئىشەنچىم بولسىمۇ ،
لېكىن باشقىلارغا مېھىر-مۇھەببىتىم بولمىسا ، ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بىر ئادەم بولۇپ قالىمەن.
[3] گەرچە پۈتۈن مېلىمنى سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتسەممۇ ، ھەتتا خۇدانىڭ خىزمىتىدە جېنىمنى
قۇربان قىلىپ ، تېنىمنىڭ ئوتتا كۆيدۈرۈلۈشىگە رازى بولسامۇ ، لېكىن باشقىلارغا مېھىر-
مۇھەببىتىم بولمىسا ، بۇ قىلغانلىرىمنىڭ ماڭا ھېچ پايدىسى يوقتۇر.

[4] مېھىر-مۇھەببەت سەۋرچان ۋە مېھرىباندۇر. مېھىر-مۇھەببەت ھەسەتخورلۇق قىلمايدۇ ،
ماختانچاقلىق ۋە تەكەببۇرلۇقمۇ قىلمايدۇ. [5] مېھىر-مۇھەببەت ئەدەپسىزلىك قىلمايدۇ ،
شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەيدۇ ، ئاسان ئاچچىقلانمايدۇ ۋە ئاداۋەت ساقلىمايدۇ. [6] مېھىر-
مۇھەببەت ناھەقچىلىكتىن خۇرسەن بولمايدۇ ، ئەكسىچە ھەقىقەتتىن خۇشال بولىدۇ. [7] مېھىر-
مۇھەببەت ھەممىگە بەرداشلىق بېرىدۇ ، ھەممىگە ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ ، ھەممە ئىشتا
ئۈمىدۋار ۋە چىداملىق بولىدۇ.

[8] مېھىر-مۇھەببەت مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ. لېكىن ، خۇدانىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزىدىغان قابىلىيەت
بولسا ھامان ئاخىرلىشىدۇ. مۇقەددەس روھنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزگە نامەلۇم بولغان تىلدا
سۆزلەش ئاخىر توختايدۇ ، خۇدادىن كەلگەن ئالاھىدە بىلىملەرمۇ ئاخىرلىشىدۇ. [9] چۈنكى ، بۇ
ئالاھىدە بىلىملەر چەكلىكتۇر. شۇنداقلا ، خۇدانىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈش قابىلىيىتىمىزمۇ
چەكلىكتۇر. [10] بۇ دۇنيانىڭ ئاخىرلىشىشى كەلگەندە ، بۇنداق چەكلىك قابىلىيەتلەرنىڭمۇ
ھاجىتى قالمايدۇ. [11] بۇ خۇددى بالىلىق ۋاقتىمىزدا بالىلارچە سۆزلەپ ، بالىلارچە ئويلاپ ،
بالىلارچە مۇھاكىمە قىلىپ ، چوڭ بولغىنىمىزدا بالىلىقىمىزنى تاشلىغىنىمىزغا ئوخشاشتۇر. [12] بىز
سۇس كۆرۈنىدىغان ئەينەك ئارقىلىق كۆرۈۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن ، ھەممە نەرسىنى غۇۋا كۆرىمىز.
لېكىن ، كەلگۈسىدە بولسا يۈزمۇيۈز كۆرىمىز. ھازىر مېنىڭ خۇدا توغرىسىدا بىلىدىغىنىم
چەكلىكتۇر ، ئۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە خۇدا مېنى تولۇق بىلگەندەك ، مەنمۇ ھەممىنى تولۇق
بىلىدىغان بولىمەن. [13] مانا بۇ دۇنيادا ئېتىقاد ، ئۈمىد ۋە مېھىر-مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ ئۈچى
داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ بولغىنى مېھىر-مۇھەببەتتۇر.

(ئىنجىل: كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت 13-باب)